شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 12 - ئاي 25 چارشەنبە
维吾尔文 12月25日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى
شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24920 - سان بۈگۈن 8 بەت

گۇۋۇيۈەن «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

# مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** زۇڭلى لى كېچياڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، گوۋۇيۈەن يېقىندا «مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى پۇختىلاپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم پورەكلىتىپ ئۈزاققىچە ئېچىلدۇرايلى

تەھرىردىن ئىزاھات

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ھەربىر ئېگىلىك تىكلەپ كۈرەش قىلىش بۈيۈك ناخشىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شادلىق ناخشىسى، گۈللىنىش، مۇقىملىق زەپەر ناخشىسى ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنىڭ تارىخىي غايەت زور ئۆزگىرىشىنى نامايان قىلدى. خەلق گېزىتى يېقىندا يۈرۈشلۈك ئوبزور ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت بۇ شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چۆرىدەپ، قانداق قىلىپ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق - مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تېخىمۇ زور تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى يارىتىش ئۈستىدە ئىزدەندى. گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ بۇلارنى كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىدۇ، دىققەت قىلغايسىزلەر.

□ لى يانەن

شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا، ئىتتىپاقلىق - ئىناقلىق مەدەنىيلىك گېنى شۇنداقلا مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى، تارىخ ئاساسى، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ ئاچقۇچى. مەيلى شىنجاڭ پۈتۈن رايوننىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشى بولسۇن ياكى قايسى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشى بولسۇن، ھەممىسى ھەر مىللەتنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى جەريانىدا ئىشقا ئاشقان. ئىتتىپاق - ئىناق گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنى كەزسىڭىز، شىنجاڭدا مەڭگۈ ناخشىنىڭ كەم بولمايدىغانلىقىنى، ئۇسسۇلنىڭ كەم بولمايدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى ھەر مىللەت دوستلار بىرلىكتە ئۆتكۈزىدىغان شادلىق يىغىلىشىنىڭمۇ كەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس. غۇلجا شەھىرىدىكى رۇس سازەندە ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ زازۇرىن 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن ھازىرغىچە 800دىن ئارتۇق ئاككوردىيون يىغىپ ساقلىدى. ساز ساداسى بىلەن خۇشاللىق ۋە دوستلۇقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ ئوخشىمىغان مىللەت مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىرلىشىپ مىللەتلەر

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 6 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

«ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» مۇزاكىرە قىلىندى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىيى** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 6 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)»قا پىكىر - تەكلىپ ئالدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)»نىڭ تەييارلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بەردى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ھەرقايسى تارماقلارنىڭ دوكلاتقا بەرگەن تۈزىتىش پىكرى ۋە تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان 2019 - يىلى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئۆزبېكىستانلىق ناخشا - مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان، تۇرمۇش كەچۈرگەن 15 يىل ——

## «مەن جۇڭگو شىنجاڭنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن»

چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ

□ مۇخبىرىمىز لى لى

«بۇ يەردىكى كىشىلەر قىزغىن، مېھماندوست، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل ئىكەن، بۇ يەرنىڭ تائاملىرى بەكمۇ يېيىشلىك، مەن جۇڭگو شىنجاڭنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.» 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن ناخشا - مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇقادىروۋ خېلىلجان خۇشال - خۇرام ھالدا مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ يىل 62 ياشقا كىرگەن خېلىلجاننىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىغا 15 يىل بولدى، ھازىر شىنجاڭ سەنئەت داشۆسى مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ ناخشا - مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى.

2004 - يىلىدىن 2014 - يىلىغىچە، خېلىلجان شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىدە ناخشا - مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولدى، تەكلىپ مۇددىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پېنسىيەگە چىقىپ دۆلىتىگە قايتىماقچى بولغان ئۇ، شىنجاڭ سەنئەت داشۆسى مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالدى. شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماۋاتقان خېلىلجان داۋاملىق بۇ يەردە قېلىپ خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللىدى.

«رۇسىيە، ئىسپانىيە، گېرمانىيە، فىنلاندىيە... مەن نۇرغۇن دۆلەتكە بارغان، جۇڭگونى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن، شىنجاڭدا ياشاشنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن» دېدى خېلىلجان.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

70 يىللىق بوران - چاپقۇن پۈتۈلگەن گېزىت
شىنجاڭ گېزىتىنىڭ گېزىت تارىخى سارىيى ئېچىلدى 2 - بەتتە

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «13 - بەش يىل»دىكى ئىككى تۈركۈمدىكى كەنت دەرىجىلىك فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

# فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش 23 مىڭ نامرات ئائىلىگە «قۇياش نۇرى كىرىمى» ئېلىپ كەلدى

مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، چىرا ناھىيەسىدىكى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 10 مىڭ 10 كىلوۋاتلىق كەنت دەرىجىلىك فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا رەسمىي تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ «13 - بەش يىل»دىكى 2 - تۈركۈمدىكى كەنت دەرىجىلىك فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭدا 152 كەنت دەرىجىلىك فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتىر ئىستانسىسى، بىر مەركەزلىك فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئومۇمىي گېنېراتور كۆلىمى 151 مىڭ 673 كىلوۋات بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن جەمئىي 348 نامرات كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 23مىڭ 22 نامرات ئائىلىگە نەپ يەتكۈزۈلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



مارياڭ يېزىسىدىكى 153 ئائىلىلىك چارۋىچى چوڭ تور توكىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، دۆلەت ئېلېكتىر تورى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئېلغار ئازنەك مارياڭ يېزىسىنىڭ دى كەنتىدە سىم يوللىرىنى تەكشۈرمەكتە. 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى مارياڭ يېزىسىنىڭ دى كەنتى بىلەن نوشدۆك كەنتىگە چوڭ تور توكى رەسمىي تۇتاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن 153 ئائىلىدىكى 700دىن ئارتۇق چارۋىچى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى بىلەن رەسمىي خوشلاشتى. □ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

## تاغنىڭ ئېچكىرىسىدە بەخت ناخشىسى ياڭرىدى

□ **مۇخبىرىمىز ياڭ شۇخەن ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ گۇاڭخۇڭ**

چەكسىز كەتكەن تاغلار، زۇمرەتتەك ئېقىۋاتقان سۇلار.

خوتەن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئارىلىق بەلبېغىدا، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئەڭ چەت يىراقتىكى ئىككى ئېغىر نامرات كەنتى — قاشتېشى يېزىسىنىڭ قاراغۇتاغ كەنتى بىلەن نىسا كەنتى جايلاشقان. ئىككى يىلدىن بۇيان، جۇڭمېي ئېنېرگىيە پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ تارماق شىركىتىنىڭ ياردىمىدە، بۇ ئىككى كەنت جۇشقۇن ھاياتى كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتتى.

**كەنت يورۇقلاشتى كەنت ئاھالىسى كۈلدى**

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، خوتەن ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ 200 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، قاشتېشى يېزىسىنىڭ قاراغۇتاغ كەنتىگە كەلدۇق. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، بۇ يەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەسى ئېغىر ئارقىدا قالغان بولۇپ، سۇ، توك، خەۋەرلىشىش راۋان ئەمەس، نامراتلىنىش نىسبىتى 37.4%كە يەتكەنىدى.

«گۈللەر ئېچىلىپتۇ ھۆپپىدە، ھەددىنى تارقىتىپ ئالەمگە، بۇندا ئاقۇر ئەزىم دەريا، ئېرىشتۇرۇپ چەكسىز بەختكە...» تاغدىكى ئىللىق قۇياش نۇرىغا بېقىپ، لەنىيا ياڭراتقۇسىدىن چىقىۋاتقان ناخشا ساداسىغا جور بولۇپ، كەنت ئاھالىسى زۇلقەرخان ئارىپ دوستلىرى بىلەن ئەمىن ئۆيىنىڭ ئالدىدا سۇرەتكە چۈشۈۋاتاتتى، پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان پەلەكنى يارغۇدەك خۇشال كۈلكە ئاۋازلىرىدىن دەرەختىكى قۇشلار ئۈركۈپ ئۇچۇشاتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

شىنجاڭ خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى يولىنىڭ رولى بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە

# ئالدىنقى 11 ئايدا ئۈرۈمچى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 50%تىن كۆپرەك ئاشتى

مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، 546 توننا مال قاچىلانغان «چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ پورتىدىن يولغا چىقىپ، جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىلغان خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە كۈندىلىك تۈرلۈك ماللارنى پولشاغا ئېلىپ ماڭدى، بۇ، بۇ يىل ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان 3398 - جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى. ئالدىنقى 11 ئايدا، ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن جەمئىي 6443نى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان بولۇپ، مال قىممىتى 22 مىليارد 930 مىليون دوللار، مال توشۇش مىقدارى 4 مىليون 912 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 52.3%، 56.8%، 67.4% ئاشتى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىن ئۆتىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «جېڭجوۋ - شىنجاڭ - ياۋروپا» قاتارلىق 29 لىنىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرادىن چىقىدىغان نۆۋەتچى پويىز ئاساسلىقى لىيەنيۈنگاڭ، جېڭجوۋ، چېڭدۇ، چۇڭچىڭ قاتارلىق شەھەرلەردىن كېلىدۇ؛ چېگرادىن كىرىدىغان نۆۋەتچى پويىزلار ئاساسلىقى گېرمانىيە، پولشا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدە خىزمەتچى خادىملار پويىزدىن مال چۈشۈرمەكتە. □ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

## ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى توسۇپ قالالمايدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى **ئەسقەت كەرىمباي**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانلىرىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشى تېررورىزمغا مەدەت بەرگەنلىك، يامانغا يانتاياق بولغانلىق، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى، گۇۋاھچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكا تەرەپنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان بۇنداق قىلمىشىغا قارىتا، مەن چەكسىز غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)